## 32443 ـ نامازدىن كېيىن جامائەت بولۇپ دۇئا قىلىشنىڭ ھۆكمى

**سۇئال**

سوئال: ئىمام نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن دۇئا ۋە ئىستىغپار (سۇبھانەللاھ ، ئەلھەمدۇ لىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر) زىكىرلىرىنى يۇقىرى ئاۋاز ۋە جامائەت بىلەن بىرلىكتە دېيىشى جائىزمۇ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

ئاللاھغا چەكسىز ھەمدۇ- سانالار بولسۇن.

دۇئا ۋە زىكىرلارنى بەش ۋاخ نامازدىن كېيىن ئىمامنىڭ يۇقىرى ئاۋاز ۋە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ھەر كۈنى ۋە داۋاملىق ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىشى بىدئەت (دىندا ئەسلى يوق) بولۇپ؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋەياكى ساھابىلارنىڭ نامازدىن كېيىن ھەر ۋاقىت ئۆيچى دۇئا قىلغانلىقى ساغلام ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنىڭ ھېچ قايسىسىدا قەيت قىلىنغان ئەمەس.

سەئۇدى ئەرەبىستان پەتۋا ئىلمىي تەتقىقات كومىتېتى

(بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى نامازدىن كېيىن جامائەت بولۇپ دۇئا قىلىشنى نامازنىڭ جۈملىسىدىن دەپ قارايمىز، بىراق دىنى مەسىلىلەردە بولسا داۋاملىق توغرىنى ئىزدىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم.ئىبادەتلىرىمىزنىڭ قوبۇل بولۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم شەرتلەر:

بىرىنچى:

ئىبادەتنى بىر ئاللاھقا چىن ئىخلاس بىلەن قىلىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى:

ئەمەللىرىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

يۇقىرىدىكى ئىككى شەرت تولۇقلانغاندىلا، ئاللاھنىڭ ئىبادەتلىرىمىزنى قوبۇل بولۇشىدىن ئۈمىت كۈتۈش مۇمكىن.بىزنىڭ مەسچىتلىرىمىزدىكى نامازدىن كېيىن ئىككى قېتىملاپ جامائەت بولۇپ دۇئا قىلىش ئىمامنىڭ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۇبھانەللاھ ، ئەلھەمدۇ لىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ زىكىر قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر سۈننەتتە بايان قىلىنمىغان ئىكەن، ئەلۋەتتە بىز ئۇنىڭدىن چەكلىنىشىمىز كېرەك. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئىبادەتتىكى ئۆلچەم باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئەمەس، بەلكى كېم بولۇشتىن قەتئى نەزەر ئۇلارنىڭ قىلمىشى قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇنمۇ، ياكى ئۇيغۇن ئەمەسمۇ بۇنى ئۆلچەم قىلىشىمىز كىرەك. قۇرئان سۈننەتكە ئۇيغۇن بولسا ئەلبەتتە ئەگىشىشىمىز لازىم ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىشىمىز ۋە توغرىنى ئىزدىشىمىز كىرەك.

ئۇنداق دىگەنلىك سىزنى ئاللاھقا دۇئا قىلماڭ ۋەياكى زىكىر قىلماڭ دىگەنلىك ئەمەس ھەر كىشى ئۆز ئالدىغا دۇئا قىلسۇن ۋە رەببىنى زىكىر قىلسۇن،چۈنكى ھەر كىم ئۆز ھاجىتىنى باشقىلاردىن بەكراق بىلگۈچىدۇر.ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا يولغا يىتەكلىسۇن ـ ت- م).